# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2019 ـ يىل 7 ـ ئاي
6
شەنبە
维吾尔文 7月6日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报网：www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24748 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ باڭلادېش دۆلىتىنىڭ زۇڭلىسى خاسىنا بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر بەي جيې) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دىياۋيۇتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا باڭلادېش دۆلىتىنىڭ زۇڭلىسى خاسىنا بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن باڭلادېش دۆلىتى ئەنئەنىۋى دوست قوشنا دۆلەتلەر. مەن 2016 ـ يىلى دۆلىتىڭلاردا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغان ۋاقتىمدا، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە كۆتۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقىنىڭ تېز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆز دۆلەتلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشۇلدى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىندى. نۆۋەتتە جۇڭگو بىلەن باڭلادېش ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى مۇستەھكەملەش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى　ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە نىسبەتەن بىر قېتىملىق سىستېمىلىق، ئومۇمىي جەھەتتە قايتا قۇرۇش. بىز مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئومۇمىي جەھەتتە ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك سىستېمىسى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، قوراللىق كۈچلەر سىستېمىسى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمەت سىستېمىسىنى قايتا قۇرۇش خاراكتېرىدە تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك قىلىش كۈچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچى، قوراللىق كۈچلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىللەش ھاياتىي كۈچىنى سىستېمىلىق كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى فۇنكسىيەلىك سىستېمىسى ئاساسىي گەۋدە رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدۇق. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈم ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم، زور ھەرىكەت، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر قېتىملىق مەركەزلىك ھەرىكەت. پارتىيەنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قاتتىق ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىپ، قىسقىغىنا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، 19 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تاماملاپ، بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيە نەتىجىلىرى، تۈزۈم نەتىجىلىرى، ئەمەلىيەت نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتى، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغدايدىغان ئاپپارات فۇنكسىيە سىستېمىسى تېخىمۇ تاكامۇللاشتى؛ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى تېخىمۇ راۋان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولدى، تۈرلۈك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە فۇنكسىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ۋە «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىش ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتى؛ ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ ئاساسلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە فۇنكسىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مەركەز بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىقنى ساقلىدى، مەركەزدىن يەرلىككىچە يۈرۈشۈشى راۋان، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان خىزمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى؛ ئارمىيە ـ يەرلىكتىن ھالقىغان ئىسلاھات ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلدى؛ مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئاپپارات ئىسلاھاتلىرى ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلدى، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، بىز قىممەتلىك تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدەندۇق ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، ئۇ بولسىمۇ، پارتىيەنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇردۇق، تىكلەنمىگۈچە قالدۇرماسلىق، ئالدى بىلەن تىكلەپ ئاندىن قالدۇرۇشتا چىڭ تۇردۇق، ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇردۇق، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ بىر تاختا شاھمات بولۇشىدا چىڭ تۇردۇق، ئىسلاھات بىلەن قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ بىرلىكىدە، ماسلىقىدا چىڭ تۇردۇق، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ئىسلاھاتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇردۇق. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئائىت ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى تامامەن توغرا بولغان،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى



### ياز كۈنلىرىدىن خۇشال ھۇزۇرلىنىش

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق باغچىسىدا ئۇسسۇل ئويناپ، سالقىنداپ، ياز كۈنلىرىدىن خۇشال ھۇزۇرلانماقتا.
□ مۇخبىرىمىز شيې لۇڭ فوتوسى

## پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيلى

### ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم، زور ھەرىكەت، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر قېتىملىق مەركەزلىك ھەرىكەت.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈم ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، يېتەكچىلىككە، قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ تەلەپ قۇرۇق، ئابستراكت ئەمەس، ئۇنى ھەرقايسى تەرەپلەردە، ھەرقايسى ھالقىلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ 2019 ـ يىللىق 6 ـ قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم باياناتلىرى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 56 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 56 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تۈزەش قانۇنىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن تەكشۈرگەن ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش يىغىنىغا قاتنىشىش، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلات قاتارلىقلارنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)